دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# شىنجاڭنىڭ چوڭ، ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيىقەستى مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ

□ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - تىرانسپورت نازارىتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، نازىر ھەسەنجان ئەخمەت

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى دۆلىتىمىزنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالماي، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تۇغۇلغان، ئۆسۈپ يېتىلگەن ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن قەتئىي قارشى تۇرىمەن، كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن. مەن ئاشۇ ئامېرىكىلىق سىياسەتۋازلاردىن سوراپ باقاي: سىلەر نېمىگە ئاساسەن شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىرىسىلەر؟ سىلەر شىنجاڭغا كېلىپ باققانمۇ؟ سىلەر شىنجاڭنى چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەر شىنجاڭدا بۇ يىللاردا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بىلەمسىلەر؟ سىلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرگەنمۇ؟

1990 - يىلىدىن 2016 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» تىلىنى بىر قىلىۋېلىپ، شىنجاڭ تارىخىنى بۇرمىلاپ، ئويدۇرۇپ، ئۆزگەرتىۋېتىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە مىللىي بۆلگۈنچىلىك ئىدىيەسىنى تارقىتىپ، مىللىي ئارازلىق ۋە ئۆچمەنلىككە قۇتراتىپ، شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مال - مۈلۈك زىيىنى مۆلچەرلىگۈسىز بولدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، سالامەتلىك ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى. جۇڭگودا ھەتتا پۈتۈن دۇنيادا ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. سوراپ باقسام، مۇشۇ ۋاقىتتا، ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلار نېمە ئىش قىلغان؟ نېمە ئۈچۈن بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىماسقا سالىدۇ؟

جۇڭگو سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى يامراش ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيىتى كۆپ يۈز بېرىش، ئۆزۈلمەي يۈز بېرىشتەك كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ غەزىپى تېشىش، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرۇشتەك كۈچلۈك سادالىرى ئالدىدا، ئاپتونوم رايون باشتىن - ئاخىر سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەم زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇنچىلىق تەشۋىق - تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، يېنىكرەك قانۇنغا خىلاپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەرگە قارىتا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى، كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى. ھازىرغىچە، شىنجاڭدا ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان، خاتىرجەم ياشايدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

مەن بۇ يىل كۆپ قېتىم جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىغا بېرىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدىم، تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان بىر قىسىم تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقى، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى ئارقىلىق، بىرەر ماھارەت ئىگىلەپ، يامان ئەمەس خىزمەت تېپىپ، مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولۇپ، كەلگۈسى تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئىشەنچكە تولغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىشى پاكىتنى بۇرمىلىغانلىق، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغانلىق بولۇپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە قۇتراتقۇلۇق قىلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇش رەزىل نىيىتىنى ئۆزۈل - كېسىل ئاشكارىلىدى.

بۇ يىل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ قاينام - تاشقىنلىق غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى، خەلق تۇرمۇشىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى. 2018 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 200 مىليارد يۈەننى بېسىپ ئۆتتى؛ شەھەر - بازار، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىمى ئايرىم - ئايرىم 32 مىڭ 764 يۈەن، 11 مىڭ 975 يۈەنگە يەتتى؛ 2014 - يىلىدىن بۇيان، جەمئىي 2 مىليون 385 مىڭ 300 نامرات ئاھالە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2014 - يىلىنىڭ دەسلەپىدىكى 22.84%تىن 6.51%كە تۆۋەنلىدى؛ بۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى ئون ئېيىدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 200 مىليون ئادەم قېتىمنى بۆسۈپ ئۆتتى؛ 70 يىلدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تاشيول 3361 كىلومېتىردىن ئۇزىراپ 189 مىڭ كىلومېتىرغا يەتتى؛ يۇقىرى سۈرئەتلىك يول يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، 5200 كىلومېتىرنى بۆسۈپ ئۆتتى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك يول دەۋرىگە قەدەم قويدى، بارلىق يېزا - بازار ۋە شارائىتى ھازىرلانغان ئىشتاتلىق كەنتلەرگە قاتناش قاتناشتۇرۇلغان يول تۇتاشتۇرۇش ئىشقا ئاشتى. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى! يېقىنقى ئىككى يىلدا، شىنجاڭغا كاماندىروۋكىغا، ساياھەتكە كەلگەن نۇرغۇن دوست شىنجاڭ ھەقىقەتەن ياخشى جاي ئىكەن، دەپ تەرىپلەشتى.

مەن شىنجاڭنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقىغا گۇۋاھ بولدۇم، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىغا قاتناشتىم، شىنجاڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردۈم، تېخىمۇ مۇھىمى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەنگۈچى بولدۇم. شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ھەربىر كىشى بىلىدۇكى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بولمىسا شىنجاڭنىڭ بۈگۈنكى بارلىقى بولمايتتى. پارتىيە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەپ، گۈزەل يۇرت - ماكانىنى قۇرۇپ، كۆپچىلىكنى خاتىرجەم، ئىناق، بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىشەنچىسى ئۆزگەرمەيدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش ۋە يۈزلىنىش قەدىمى توختاپ قالمايدۇ. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شىنجاڭنىڭ ئىناق، مۇقىم چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىشنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ!

# ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن

□ شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گۈلپەرى ئابدۇللا

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى جۇڭگو تەرەپنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشى ۋە كەسكىن سۆزلىشىشىگە پەرۋا قىلماي، جاھىللىق بىلەن ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق بولۇپ، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىغا ئېغىر خىلاپ. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىغا ھە دەپ قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەزدە ھۇجۇم قىلدى، مەزكۇر ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى، جۇڭگونىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش، ئاساسسىز ئەيىبلەش بىلەن تولغان، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقارغان، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى نەزەرگە ئالمىغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختىپەز، بەتبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلاپ بەردى. ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىشى تېررورىزمنى قوللىغانلىق، يامانغا يانتاياق بولغانلىق. مەن پارتىيە كۆپ يىل تەربىيەلىگەن دۆلەت كادىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇنىڭغا چوقۇم ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرىمەن، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى ۋە كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

شىنجاڭ ئەزەلدىن جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، شىنجاڭنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى، ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلە ئەسلا كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت، دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى. ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ ئارىلىشىشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالىدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدا سادىر قىلغان زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمىدى. ئىلگىرىكى شىنجاڭ ئەسەبىزم، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. بۈگۈنكى شىنجاڭدا گۈللەنگەن، مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت ئىناق بولغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، ئۈدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى. شىنجاڭ قوللانغان تۈرلۈك تەدبىرلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى، شۇنداقلا يەر شارىدىكى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشتى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى. لېكىن، ئامېرىكا ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە يانتاياق بولۇپ، يەل بېرىشكە ئۇرۇندى، بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار ۋە جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ مەسىلىسى»دىن پايدىلىنىپ دۆلىتىمىزنى توسۇش، پارچىلاشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتەك رەزىل نىيىتىنى تولۇق ئاشكارىلاپ بەردى. جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۆيۈل تاشتەك مۇستەھكەم، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئامېرىكا دەرھال جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشى، شىنجاڭنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشى كېرەك، بولمىسا مۇقەررەر ئۆز بېشىنى يەيدۇ.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا پارتىيەنى قىزغىن سۆيۈپ، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، دىنىي ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش سادالىرى ئىنتايىن كۈچلۈك. بۇ بىرنەچچە يىلدا، شىنجاڭدا ئالاقىدار قانۇن - نىزاملارغا ئاساسەن ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىلىپ، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇھىتىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ، توغرا كەيپىيات ئەۋج ئېلىپ، ناچار كەيپىيات پەسەيدى، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىنتىلىدىغان، زامانىۋىلىققا، مەدەنىيلىككە، يېڭى تۇرمۇشقا، يېڭى كەيپىياتقا ئىنتىلىدىغان جەمئىيەت كەيپىياتى كۈنسېرى قويۇقلاشتى. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تارقىلىشىغا ئۈنۈملۈك قارشى تۇرۇلدى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، ھەر مىللەت ئاممىسى كەلگۈسى گۈزەل تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۈمىدكە تولدى، شىنجاڭدا گۈللەپ ياشناشتەك يېڭى كەيپىيات نامايان بولدى. خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يۈكسەك باھا بەردى. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، نۇرغۇن دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى، خەلقئارا تەشكىلات، ئاخبارات تاراتقۇسى، دىنىي تەشكىلات، مۇتەخەسسىس، ئالىم قاتارلىقلار بولۇپ 1000دىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭدا ئېكسكۇرسىيەدە، زىيارەتتە بولدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى بەس - بەستە ئالقىشلىدى. بۇلار شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇكى: ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭدىن پايدىلىنىپ قۇسۇر تېپىشى پاكىتقا پۈتۈنلەي خىلاپ، خەلقئارا ئاساسىي ئېقىم خەلق رايىغا پۈتۈنلەي خىلاپ.

شىنجاڭدا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشى دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، خەلق ئاممىسىنىڭ جان - مال مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، خەلقنىڭ بەختىنى قوغداشتىكى بىر مەيدان كۈرەش. مەن ئالىي مەكتەپنىڭ رەھبىرىي كادىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، جەزمەن باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، ئۆزۈم ئۈلگە بولۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەش ئىستراتېگىيەسى يۈكسەكلىكىدە، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەخىرسىزلىكى، زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، ئاتالمىش «ئۈچ خىل كۈچ» «ئىككى يۈزلىمىچى»لەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىمەن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەربىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولسىلا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى بولسىلا، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەست جەزمەن ئىشقا ئاشمايدۇ.

مەن پارتىيە ۋە دۆلەت كۆپ يىل تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باشتىن - ئاخىر مۇنداق قارايمەن: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، بىزنىڭ بۈگۈنىمىز بولمايتتى، بىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىمىز ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز تېخىمۇ بولمايتتى. مەن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقى، يېتىشتۈرۈشىدە ئۆسۈپ يېتىلدىم، مەنمۇ دۆلەتنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەنگۈچى، پارتىيە ۋە دۆلەتكە چەكسىز مىننەتدارلىق ھېسسىياتىم بار. مەن كۆزۈمنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئېڭىمنى ئۆستۈرۈپ، ئاڭلىق ھالدا ئەسەبىي ئۇنسۇرلار بىلەن چەك - چېگرانى ئېنىق ئايرىپ، ئاداققىچە كۈرەش قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ۋە جەمئىيەتنى ئاڭلىق ھالدا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن «ئۈچ خىل كۈچ»كە زەربە بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداشقا تەسىر كۆرسىتىمەن ۋە يېتەكلەيمەن. باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىمگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ، دادىل ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، دادىل كۈرەش قىلىمەن. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، بۇرچىنى ئادا قىلىپ، مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن. مەن غايە - ئېتىقادىمنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرىمەن. پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پرىنسىپ قاتارلىق جەھەتلەردە ھەر ۋاقىت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خىزمەتتە پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەپ، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەپ، كۈرەشچان ھەرىكىتىم ئارقىلىق پارتىيەگە، ۋەتەنگە، مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان چەكسىز ساداقىتىمنى بىلدۈرىمەن. مەن مىننەتدارلىق ھېسسىياتىم بىلەن تەشكىلگە جاۋاب قايتۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن، تەشكىل خاتىرجەم بولغاي، مەن تىرىشىپ ئەمەلىي ھەرىكىتىم ئارقىلىق دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىمەن، ئەمەلىيلەشتۈرىمەن. مەن بارلىق يۈرەك قېنىمنى ئۆز خىزمىتىمنى ياخشى ئىشلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە سەرپ قىلىپ، ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشىغا، شىنجاڭنىڭ تەستە قولغا كەلگەن گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايمەن. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش ئىرادىسى قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى توسۇش سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئۇزاق مۇددەت تىرىشىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى زور دەرىجىدە ئۆرلەپ، ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆسۈپ، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. كېلەر يىلى، داۋاملىق مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، خاراكتېرى، مىقدارى بېكىتىلگەن ئالاقىدار كۆرسەتكۈچلەرگە سېلىشتۇرۇپ، ئۇنى تاماملاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مۇقىملىق ئاساسىدا ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش، ئۇزاق مۇددەت ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي يۈزلىنىشى ئۆزگەرمەيدۇ. بىز ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بىلەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، تاشقى بېسىمنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغان، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. مۇقىملىقنى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ماكرو سىياسەت مۇقىم بولۇش، مىكرو سىياسەت جانلىق بولۇش، ئىجتىمائىي سىياسەت جەھەتتە كاپالەتلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، قاراتمىلىقى، ئۈنۈملۈكلۈكىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. پائال ئالغا ئىلگىرىلەپ، مەسىلە يۆنىلىشى، نىشان يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا سىجىل كۈچەپ، ئىقتىسادتا مىقدارنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشى ۋە سۈپەتنىڭ مۇقىم ئۆسۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، دىققەتنى ئاساسلىق ۋەزىپىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈش، نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان - ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېلەر يىلقى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيەنىڭ ئىقتىساد خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھرە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش، مۇھىم، زور پۇل مۇئامىلە خەۋپ - خەتىرىنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشى، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا قارىتا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سىلىنمىنى زورايتىش، ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرۈشتە نامايان قىلىش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى ۋە مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتىنىڭ زور كۈچ بىلەن سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنى جانلىق، مۇۋاپىق قىلىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئاشۇرۇش، راۋانلاشتۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئىككى چاق قىلىپ، سۈپەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي رىقابەت كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسىنى تېزدىن قۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدە سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ داۋاملىق تېخىمۇ چوڭ دائىرە، تېخىمۇ كەڭ ساھە، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملىق يۆنىلىشكە قاراپ چوڭقۇرلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىيات بوشلۇقىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش كېرەك.

كېلەر يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ زور سىياسەت - فاڭجېنى بېكىتىلدى، ۋەزىپە مۈشكۈل، مەسئۇلىيەت ئېغىر، زور، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرەيلى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى)